شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى (ئىلمىي ژۇرنال)

1984-يىل 12-سان.

# يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئالمالىق شەھىرىنىڭ ئورنى توغرىسىدا مۇھاكىمە

چياڭ جيڭگو

ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ قورغاس دېگەن جايىغا يېقىن بىر يەردە (61 - تۇۋەن 7 - لىيەندە) ھەيۋەتلىك ئىسلام قەۋرىستانلىقى قۇرۇلۇشى بار، قەۋرىستانلىقنىڭ ئىچىدە قەدىمقى شەھەر خارابىسىنىڭ ئورنى بار. ئەجدادلار بۇ قەۋرىستانلىق بىلەن قەدىمىي شەھەر ئورنى توغرىسىدا ئازراق مۇددەت تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، قەۋرىستانلىقتىكى چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان آ مازارى دەپ بېكىتكەن؛ قەدىمىي شەھەر ئورنىنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالمالىق شەھىرى دەپ بېكىتكەن؛ بۇرۇنقىلارنىڭ تەتقىقاتلىرىدا ئىشەنچلىك دەلىللەر ئارقىلىق مازارنىڭ ئىگىسى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانلىقى كۆرۈلىدۇ؛ لېكىن ئالمالىق شەھىرىنىڭ ئورنى مەسىلىسىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ بەزى كەسپىي خادىملىرى ئوتتۇرىسىدا ئوخشىمىغان پىكىرلەر مەۋجۇت بولغاچقا، يەنە بىر قېتىم داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدىغان تېما بولۇپ قالغان ئىدى. مەن بۇ قېتىمقى ماقالىدا قورغاستىكى ئىسلام مازىرىنىڭ ئىگىسى ۋە ئالمالىق شەھىرىنىڭ ئورنى توغرىسىدا ئازغىنە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئالدىن قەۋرە ۋە قەدىمىي شەھەرنىڭ ئىسلام دىنى تەرەققىيات تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدىكى ئەھمىيىتى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچى، ماقالىدا پايدىلىنىلغان ماتېرىيال ۋە بايان قىلىنغان يەكۈنلەرنىڭ نامۇۋاپىق جايلىرى بولسا، تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكى كەسىپداشلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 1. مازار بىلەن قەدىمىي شەھەر بىر - بىرىگە ئىسپات بولالايدۇ.

ئالمالىق 12 - ئەسىردىن 15 - ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مەشھۇر شەھەر ئىدى، بۇ شەھەرنىڭ ئورنى توغرىسىدا قەدىمقىلار تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. يېقىنقى ئەللىك يىلدىن بۇيان ئالىملىرى ئالمالىقنىڭ ئورنىنى تەتقىق قىلغانلىرىدا ۋ راھىب چىيۇچۇجىنىڭ «غەرىپكە ساياھەت خاتىرىسى» دىكى بىر ئابزاس خاتىرىنى دەلىل كەلتۈرگەن. بۇ تارىخىي ماتېرىيالنىڭ ئىشەنچلىكلىكى ۋە تەپسىلىيلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ماقالىدا رەسمىي مۇھاكىمە قىلىشتىن بۇرۇن، ئەسلى تېكىستىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتىم؛

«تالڭ سەھەردە غەربىي - جەنۇبقا قاراپ تەخمىنەن 20 چاقىرىم يۈرگەندە، تۇيۇقسىز بىر كۆلگە دۇچ كەلدۇق. كۆلنىڭ تۆت تەرىپى بىر قانچە يۈز چاقىرىم كېلىدۇ، ئەتراپىدىكى قارلىق چوققىلارنىڭ شولىسى كۆلگە چۈشۈپ تۇراتتى. كۆلگە تەڭرى كۆلى دەپ نام بېرىلگەن. كۆلنى بويلاپ جەنۇبقا قاراپ ماڭغاندا، كۆلنىڭ تەرەپتىكى چوققىلار ئاسمان پەلەك بولۇپ، ئېگىزلىكى بىرەر يۈز چى كېلىدىغان قارىغاي، قېيىن دەرەخلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بىر مۇنچە ئېقىنلار جىلغىغا قۇيۇلۇپ، 60 - 70 چاقىرىم ئۇزۇنلۇققا شاۋقۇن بىلەن ئۆركەشلەپ ئاقاتتى. 2 - شاھزادە خۇ غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، تاغ - تاشلارنى يېرىپ، دەل - دەرەخلەرنى كېسىپ، قوش ھارۋا ئۆتكىدەك 48 كۆۋرۈك سېلىپ چىققان. كەچتە جىلغا ئىچىدە تۈنىدۇق. 2 - كۈنى يولغا چىقىپ، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان كەڭ تۈزلەڭلىككە كەلدۇق، بۇ يەرنىڭ سۇ ۋە ئوت - چۆپلىرى مول بولۇپ، ھاۋاسى خۇددى باھار ۋاقتىغا ئوخشايدىكەن. ئۈزۈم، چىلانلار بار ئىكەن، بۇ قېتىمقى سەپەردە 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئالمىلىق شەھىرىگە كەلدۇق ... غەربىي باغدا تۈنىدۇق» ②.

ئالمىلىقنىڭ ئورنى مەسىلىسىدە، ئىلمىي ساھەدىكىلەردە تالاش - تارتىش مەۋجۇت، كۆز قاراش بىردەك ئەمەس.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شۈي سۇڭ ئىلگىرى دەسلەپ «غەربىي ئېلىم تاغ» ③ نىڭ قىرغىقىدا دەپ بېكىتكەن. دىڭ چيەنمۇ شۈي سۇڭغا قوشۇلۇپ، ئالمىلىقنىڭ ئورنىنى قورغاستا دەپ بېكىتكەن. بىزنىڭغا ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ئارخېئولوگىيە ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ۋارىسلىق قىلغان. 1963 - يىلى ئۇ ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش خۇلاسىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئاساسىدا، قورغاستا دىگەن پىكرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇقىملاشتۇردى ۋە ئۆز ماقالىسىغا مەزكۇر ئورۇننىڭ خەرىتىسىنى قوشۇپ ئېلان قىلدى. ئېلىمىزنىڭ ئالىملىرى خۇاڭ ۋېنبى شەخسەن تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن چىقارغان خۇلاسىغا قوشۇلدى.

---

قىسقىسى، ئىز ۋاھابىيە مەزھىپىنى جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تارقىتىپ، جۇڭگوچە تۈس ئالغان «ئىخۋانىيە» مەزھىپىگە ئاساس سېلىپ، بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇ، بىر دىنشۇناس ئالىم بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇقۇمۇشلۇق ۋەتەنپەرۋەر زات، ۋاھابىيە مەزھىپى جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە مۇئەييەن ئىلغار رول ئوينىغان. خۇسۇسەن ئۇنىڭ بىلىم ئىھاتىسى ۋە ۋاھابىيە مەزھىپىنى جۇڭگوچە تۈس ئالدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە يۈكسەك باھا بېرىشكە ئەرزىيدۇ.

ئالا: يېزا قورۇقىغا ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل كۆز قاراش يېقىنقى زامانلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بىرىنىڭ تەشەببۇسچىسى روسىيىلىك سېمېنوۋ بولۇپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئالمالىقنىڭ ئورنى ئالتۇن قۇببىلىك مەسچىتىنىڭ غەربىي - شىمالىدىن 40 چاقىرىم، چېڭخۇڭدىن 7 چاقىرىم كېلىدىغان ماخۇي (1) خارابىلىكىنىڭ ئورنىدا دەپ بېكىتتى. بۇ كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، غەرب ئالىملىرىنىڭ كۆپلىرى بۇنىڭغا قوشۇلدى (سېن جۇڭمېيىنىڭ «ئالمالىق شەھىرى» دېگەن ماقالىسىدا، سېمېنوۋ ئېيتقان خارابە يەنى «ماخۇي شەھەر خارابىسى» دە تەكشۈرۈلگىنى يەنىمۇ مۇقىملاشتۇرۇلغان). 1979-يىلى چىققان «جۇڭگو تارىخ تەتقىقاتى» دا ئېلان قىلىنغان مالىك فەنزىلەنىڭ ماقالىسىدا (7)، شۈي سۇڭ، خۇاڭ ۋېنبىلارنىڭ كۆز قارىشىغا ئوخشايدىغان قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، سېمېنوۋنىڭ ماخۇي شەھەر خارابىسى ئورنىدا دېگەن كۆز قارىشى ئاساسىي ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇڭلاشقا ئالمالىق شەھىرىنىڭ ئورنى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش زۆرۈر بولۇپ قالدى.

ئاپتور ئالمالىق شەھىرىنىڭ ئورنىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاشتىكى ئاچقۇچ قورغاستىكى ئىسلام قەبرىستانلىقى قۇرۇلۇشىنى قايتا تونۇشتا، دەپ قارايدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ بۈيۈك - كىچىك ئىككى مازار قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىكمىسى ئالمالىق بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

شۈي سۇڭ «غەربىي رايون سۇ يوللىرى خاتىرىسى» نىڭ 4 - تومىدا تەكشۈرۈپ بېكىتىشىچە: كېنجى دەرياسى (بۈگۈنكى قورغاسنىڭ كېڭەن دەرياسى) نىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى گۇڭچېن شەھىرى (ئەسلىدىكى قورغاس ناھىيىسىنىڭ ئورنى، ھازىرقى قورغاس) نىڭ شەرقىدىكى مازار يەنى مەشھۇر ئىسلام موغۇللىرى خانى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مازىرى دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن مۇھىم.

شۈي سۇڭ — خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى بىلەن سېمېنوۋ — يولداشلىق پەرەزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل كۆز قاراشتا گەرچە پەرق چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىدا ئوخشاشلا بەزى مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىلمىغان. (شۈي سۇڭنىڭ بۇ خىل ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە).

ئىسلام تارىخچىسى مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدى» سىدە ئىنتايىن مۇھىم بىر خاتىرە بار. بۇ ئەسەردە ئالمالىق شەھىرى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان: يەنە بىر مەشھۇر شەھەر ئالمالىق شەھىرى بولۇپ، بۇ ھازىرمۇ مەشھۇر؛ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قەبرىسى ئەنە شۇ جايدا، مەزكۇر شەھەر راسا گۈللەنگەن دەۋردىكى

باشقا ئىزلارمۇ بار. مازار قەبرىسىنىڭ ئېگىزلىكى، نەپىس زىننەتلىرى ھەمدە تامغا ئويۇلغان نەقىشلىك خەتلىرى كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ ... مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە، قەبرىنىڭ ئۈستىدىكى خەتنىڭ يېزىلغان ۋاقتى 760 – يىللار بولسا كېرەك»[8].

تۇغلۇق تۆمۈرخان 1330 – يىلى تۇغۇلۇپ، 1363 – يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» ناملىق كىتابى 1541 – يىلدىن 1545 – يىلغىچە يېزىلىپ چىققان. بۇ چاغدا ئالمالىق شەھىرى ئەمدىلا خارابىغا ئايلىنىپ تاشلىنىپ ۋەيرانلاشقان بولسىمۇ، بۇ ئىسلام تارىخچىسى ئالمالىق شەھىرىنىڭ خارابىسىغا بېرىپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ چىققان. لېكىن مىرزا ھەيدەر ئۆز قولى بىلەن يازغان «760 يىللار» دېگەننى دەل تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ۋاپات بولغان يىلىغا توغرا كېلىدۇ، بۇ خاتىرىنىڭ مۇنداق ئىككى مۇھىملىكى بار؛ بىرى، مازارنىڭ ئالمالىق شەھىرىنىڭ يېنىغا سېلىنغانلىقى ئىسپاتلانغان؛ يەنە بىرى، مازار تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئۆز مازارى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

16 – ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، تارىخچى مازارنىڭ ئالمالىق شەھىرىدە ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىكەن. بۇ ھالدا، ھازىر بىز كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسلىككە سېلىۋاتقان مازارمۇ يەنىلا ئالمالىق شەھىرىگە يېقىن جايدا بولۇشى مۇقەررەر. بىز تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئالماتا دەرياسىنىڭ غەربىدىكى قورغاس قەدىمقى شەھىرى (نادەتتە ئالتاي قەدىمىي شەھىرى دەپ ئاتىلىدۇ) تەبىئىيكى، ئالمالىق شەھىرىنىڭ ئۆزى. بۇ يەكۈننى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، بىز مازارنى تەكشۈرگەندە، قەبرىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئەرەبچە يازما ماتېرىيالنى قولغا كەلتۈردۇق. بىز گەرچە ۋەيران قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا تەرجىمە قىلىپ پايدىلىنىش زۆرۈر. بۇنىڭ تولۇق تەرجىمە تېكىستى مۇنداق:

مازارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئەرەپ يېزىقىنىڭ تەرجىمىسى: «ئۇلۇق پادىشاھىمىز ئۇلۇغۋار ئىشنىڭ ۋە ئىلتىپاتىنىڭ دېڭىزىدۇرسىز، ئىسلام دىنىنىڭ ھامىيسىدۇرسىز، ۋەلى غالىپ، ئاقكۆڭۈل ئىنسانلارنىڭ قوغدىغۇچىسىدۇرسىز، ئاللانىڭ ئالىي كالامى (قۇرئان) غا سادىق بەندىسىدۇرسىز، ئىسلام دىنىنىڭ شان-شەرىپى ۋە ئىپتىخارىدۇرسىز.

مازارنىڭ سول تەرىپىدىكى ئەرەپ يېزىقىنىڭ تەرجىمىسى: «پادىشاھىمىزنىڭ خانىشى بىتقالىخە (خانىم) گە بېغىشلايمىز: گۇناھكارلىرىڭىزنى كەچۈرگەيسىز، دەۋرىمىزنىڭ خانىشى، زامانىمىزنىڭ بىلقىسى[11]، ئەقىل — پاراسەتلىك، دىيانەتلىك (دانا)، دۇنيادا ئاياللار ئىچىدە تەڭدىشى يوق بىتقالىخە قاتۇن (خانىم) نىڭ شانۇ-شەۋكىتى مەڭگۈ ساقلانغاي، ئۆمرى چەكسىز ئۇزۇن بولغاي، مەغرىپتىن — مەشرىققىچە ئەبەدىل-ئەبەد ياشىغاي!...».

يارقۇرىدىكى يېزىقلار تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە مىرزا ھەيدەرنىڭ يازغانلىرى بىلەن ئوخشاش. كېيىن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ئىسلام مازىرى قورۇلۇشىنىڭ كېيىنكى چاغاتاي خانى دۇغلۇق تۆمۈرخانلىق تۆز قەۋرىسى ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق.

قوشۇمچە ماتېرىيال ئورنىدا يەنە بىر قانچە دەلىل-ئىسپات كۆرسىتىمەكچى:

1. شىنجاڭ مۇزېيى 1976-يىلى ئىلىدا مەدەنىي يادىكارلىقلار بويىچە قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئاچقان مەزگىلدە، قورغاستىن كۆپ مىقداردا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى چىنە پىيالە ۋە لۇڭچۇەندە ئىشلەنگەن قارا پار-پۇر قاچىلارنى تاپقان. مىڭ سۇلالىسىدىن بۇيان، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ كۇلالىچىلىقىدا يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن تاۋارلار ئىچىدە ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىدە ئىشلەنگەن پار-پۇر بۇيۇملىرى بولسىمۇ، لېكىن ئالمىلىق شەھىرىدىن تېپىلغان ئالاھىدە ئىشلەنگەن پار-پۇر بۇيۇملار، بولۇپمۇ قارا چىنە لېگەنلەر ھەرگىز سودا تاۋارلىرى بولماستىن، بەلكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ خان ئوردىسى تەرىپىدىن غەربىي رايوندىكى خانلارغا سوغا قىلىنغان بۇيۇملاردۇر. ھازىرغىچە شىنجاڭ دائىرىسى ئىچىدە تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى بىلەن قورغاس ئالمىلىق شەھىرىدىلا بۇ خىل نەپىس ئىشلەنگەن پار-پۇر بۇيۇملار تېپىلغان. ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىدىن تېپىلغان بۇ خىل چىنە لېگەن 3 دانە بولۇپ، «شىنجاڭ تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىقلار» مەجمۇئەسىنىڭ 72-بېتىدە (29-سۈرەت) ئېلان قىلىنغان. ئالمىلىقتىن تېپىلغان لېگەن «مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژۇرنىلىنىڭ 1979-يىل 8-سانىدا ئېلان قىلىنغان. شۈبھىسىزكى، قىزىل ماچىقان ئوردىلارنىڭ بىرىنداق تارقىلىشى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانى ۋە ئالمىلىقتىكى چاغاتاي خانىغا سوغا تەقدىم قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭدەك ئىدىقۇتلارنىڭ ھەر قايسى خانلارغا ئوخشاش، مۇناسىپ سازاۋەر بولغانلىقىنىڭ بىر دەلىلى. بۇ خۇددى ئىراندىكى شۇنىڭغا ئوخشاش شەكىلدىكى يۈەن دەۋرىگە ئائىت قارا پار-پۇر لېگەننىڭ تېپىلىشى (11) ئېلخانىيلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگىنىگە ئوخشاشتۇر. قورغاستىن يۈەن سۇلالىسىغا ئائىت زور مىقداردىكى قارا گۈللۈك پار-پۇر بۇيۇملارنىڭ تېپىلغانلىقى بۇ ئوردىنىڭ چاغاتاي خانلىقى تۇرغان جاي-پايتەخت ئالمىلىق شەھىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

2. بۇ يەردە ئالمىلىق ئىبارىسىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىزاھ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يەللىۋ چۇسەينىڭ «غەربكە قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى»دا: «غەربىي ئەللەرنىڭ مېۋىلىرىنى ئالما دەپ ئاتىغان» دېيىلگەن، بۇ ئالمىلىقنىڭ نامى

ئۈستىدە ئۇزۇن تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بارغان. مەسىلەن: شۆي سۇلۇ، دىڭ چيەن، خۇاڭ جۈن، سېن جۇڭمىيەن قاتارلىقلار ئالمىلىق ئۈستىدە توختالغاندا بىردەك ئالمىلىق موڭغۇل تىلىدا ۋە تۈركچىدە ئالما دېگەن بولىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. قورغاسنى ئالمىلىق دېيىشنى ئىنكار قىلغان مىڭ فەنرېنمۇ سېن جۇڭمىيەننىڭ «ئالما شەھىرى» دېگەن تەكشۈرۈش ماقالىسىنى مىسال كەلتۈرۈپ، «گوزىگۇ دېگەن جاينىڭ ئەسلى نامى ئالمىلىق بولۇپ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خەنزۇچىلىشىپ بۈگۈنكىدەك ئاتىلىپ قالغان دەيدۇ».

مىللىي تىلدىن خەۋىرى بار بەزى يولداشلارنىڭ قارىشىچە: ئالمىلىق رايونىنىڭ يەر نامى شىنجاڭدا قەدىمدىن ھازىرغىچە ئەسلى مەنىسى ساقلىنىپ قالغان يەر نامى ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ رايونىدىكى مۇرەككەپ مىللىي، مەدەنىيەت تۈپەيلىدىن يەر ناملىرى سىستېمىسى ئادەتتە ئىنتايىن مۇرەككەپ كېلىدۇ. شۇڭا، بىرەر يەر نامىنىڭ تىل سىستېمىسى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش بەكمۇ قىيىن. ئەمما ئالمىلىق بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەلۈي چۇسەي چىڭگىزخان بىلەن غەرپكە يۈرۈش قىلغاندا «غەرپكە قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى»نى يازغان ۋە چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى شۆي سۇلۇ قاتارلىقلار تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بۇ يەرنىڭ نامى ئۆزگەرمىگەن. ئالمىلىق شەھىرى غەربىي قىتانلار خانى ئوزارنىڭ ۋاقتىدا قۇرۇلغان. موڭغۇللار تەسىرى زور كۆلەمدە شىنجاڭغا كىرىشتىن بۇرۇنلا بۇ يەر ئالمىلىق دەپ ئاتالغان. چىڭگىزخان غەرپكە يۈرۈش قىلىش ھارپىسىدا، شۆگجىلىك تېكىن لەشكەر تارتىپ كېلىپ ئۇرۇشقا ياردەملەشكەنلىكى «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. تەيزۇ خاتىرىسى»دە كۆرۈلىدۇ. شۆگجىلىك تېكىن دېگەن سۆزدىكى تېكىن دېگەن ئاتالغۇ تۈركىي خەلقلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل ئەمەلنى ئىپادىلەيدىغان سۆزدۇر. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئالمالىقنىڭ نامىنى تۈركچىدىن ئىزدەش لازىم. شۇنداقلا ئالمالىقنىڭ مەدەنىيەت ئاساسىنى 13 - ئەسىردىن بۇرۇنلا تۈرك سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر قۇرغان.

ئالمىلىق دېگەن يەر نامىنى چۈشەندۈرۈشتە خۇاڭ جۈن مۇنداق دەيدۇ:

«ئالماتا دەرياسىنىڭ نامى، ئالمىلىق شەھەر نامى، تا دېگەن سۆزدىن باشقا لىق دېگەن سۆز بار. «لىق» بالىقنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، شەھەر دېگەن بولىدۇ (11)

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئالمىلىق دېگەن سۆزنىڭ «لىق» دېگەن يېرىنى «بالىق» دەپ چۈشەندۈرگەن. ئەسلىدە ئالمىلىق دېگەن سۆزدىكى «لىق» خۇاڭ جۈن دېگەندەك «بالىق» (بالىق) يەنى شەھەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئالمىلىق ھەرگىزمۇ ئالما بالىق دەپ ئوقۇلماستىن، بەلكى خېلى بۇرۇنلا ئىسلام تارىخچىلىرى تەرىپىدىن ئالمىلىق دەپ ئاتالغان. تۈركچە ئالما دېگەن ئىسىمگە سۈپەت قوشۇمچىسى لىق قوشۇلا

ئالتا بار يەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ئاق» دېگەن ئاقارتقا قوشۇلغان تۈركچە — ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «[illegible]» دېگەن سۆز ئۇيغۇر يېزىقىدا ئالمالىقلار دەپ يېزىلغان. ئالمالىق تۈركچە ئالما بار يەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. موڭغۇللار ئۇنى موڭغۇلچە مەنىدە ئىشلەتكەن. بۇ سۆز موڭغۇلچە ئالمانۇ دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ئالمانۇ موڭغۇلچە ئالما بار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، «نۇ» ئىنكۈچى قوشۇمچە. موڭغۇلچىدا بىز بىلىمىزكى جەھەتتىن كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە بولغان قائىدىلەر. دېمەك، تۈركلەر بۇ جاينى ئالمالىق دەپ ئاتىغان. بۇ خىل ئاتالغۇنى ئىسلام تارىخچىلىرى توغرا يېزىپ قالدۇرغان. كېيىن موڭغۇللار بۇ جاينى ئالمانۇ دەپ ئاتىغان. بۇمۇ جۇڭگو تارىخچىلىرى تەرىپىدىن ئالمالىقچە توغرا يېزىپ قالدۇرۇلغان.

يېقىنقى يىللاردا بايان قىلىنغانلارنى ئىسپاتلايدىغان ... بۇ يەردە مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» سىدىكى مۇھىم خاتىرە ئاساس قىلىنغانلىقتىن شۇ يىللاردا قورغاس شەھىرىدىن قېزىپ ئېلىنغان زور مىقداردىكى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ قارا كۈللۈك پارچە بۇيۇملىرى، ئالمالىق نامىدا قۇيۇلغان مىس پۇل، ئۈستىدە سۈرىيە يېزىقىدا يېزىلغان قەۋرە تېشى — نېستورىيان دىنىدىكى ئاتالار، ئالمالىقنىڭ نوقۇل شۇ توغرىسىدىكى ئاتالارلار شۇ يىلى دەسلەپ تەتقىق قىلىنغان، خۇلاسە تەرىپىدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن كۆز قاراشنى — ئالمالىق قەدىمكى شەھىرى يەنى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قەۋرىسى بار جاي — ئالتاي قەدىمكى شەھىرى دېگەن ئەنئەنىۋى كۆز قاراشنى يەنە بىر قېتىم مۇئەييەنلەشتۈردى[13]. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قورغاستىكى ھەيۋەتلىك ئىسلام قەۋرىسى — چاغاتايلارنىڭ ئاخىرقى خانى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئۆز قەۋرىسى ئىكەنلىكىدە قىلچە گۇمان يوقلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

2. مازار بىلەن قەدىمكى شەھەرنىڭ تارىخشۇناسلىقتىكى ئەھمىيىتى.

ماقالىغا بۇ پاراگرافنى كىرگۈزۈشتىن مەقسەت، شىنجاڭ تارىخىدا كىشىلەر تەرىپىدىن تېخى تولۇق دىققەت قىلىنمىغان ئالمالىق بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

سۇڭ، لياۋ سۇلالىسىدىن بۇرۇن، شىنجاڭ رايونىنىڭ سىياسىي مەركىزى داۋاملىق بېشبالىق — ئىدىقۇت رايونى بولۇپ كەلگەن. تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان زور مىقداردىكى مەدەنىي يادىكارلىقلار تارىخىي ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، تېخىمۇ بۇلارنى دەلىل «ئىسپاتلار» بىلەن تەڭ قىلىنىدۇ. موڭغۇللار قوزغىلىشىنىڭ شىمالىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ كېڭەيتىشلىك قىلغاندىن كېيىنمۇ، چىڭگىزخانلىرىنىڭ ... [illegible] ... بېشبالىق — ئىدىقۇت رايونىغا يۆتكەلدى ... دەۋرىدە ... بېشبالىق ... رايونىنىڭ يۈەن سۇلالىسى

دەۋرىدە سانالىپ كۆرسىتىلگەندەك، ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولۇپ قالغانلىقى، مانا، مۇشۇ سىياسەتنىڭ ئىسپاتىسى.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى. تەزكىرە خاتىرىسى»دا 1209- يىلى، ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىن، موڭغۇللارغا بېقىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ⑫ ۋە موڭغۇللارنىڭ ياخشى مۇئامىلىسىگە سازاۋەر بولغانلىقى يېزىلغان. ياخشى مۇئامىلىگە سازاۋەر بولۇشنىڭ سەۋەبى ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىق، ئىدىقۇت قاتارلىق رايونلارنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان خانلىقىدا ئىكەندى، موڭغۇللار ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ بۇ مەركىزىي ئورۇنلىرىنى كونترول قىلىش زۆرۈر ئىدى.

ھالبۇكى، 13- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 15- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، بېشبالىقتىكى ئاساسىي ئۆزگىرىشكە ئورۇنلار بېشبالىق - ئىدىقۇت رايونىنى خارابىلاشتۇرۇۋەتكەن. ئاخىرىدا ئۇيغۇر ئىدىقۇتى، گەنسۇنىڭ يۇڭچاڭ دېگەن يېرىگە بېرىۋېلىپ، شىنجاڭ تېررىتورىيەسىدىن يىراقلاپ كەتكەن.

شىنجاڭنىڭ سىياسىي مەركىزى ئەنە شۇ چاغدا غەربكە قاراپ يۆتكەلگەن ئىدى، بۇ، يۈەن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇھىم تارىخىي ۋەقە بولدى. موڭغۇل ئىمپېرىيەسى ھەربىي فېئوداللىق فېدراتسىيە ئىدى. چوڭ خاقان ھەربىي جەھەتتىن يىراق غەربتىكى قىپچاق، چاغاتاي، ئىلخانلاردىن ئىبارەت ۳ چوڭ خانلىقنى كونترول قىلىشى زۆرۈر ئىدى. لېكىن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە غەربىي شىمالدىكى خانلارنىڭ ئۇرۇشلىرى تۈپەيلىدىن يۈەن سۇلالىسى بارا - بارا ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقىنى كونترول قىلىشتا ئاجىزلىق قىلىپ قالدى، غەربىي شىمال خانلىقلىرى ئۇرۇش سىگنالى بەرگەن ھامان ئادەتتە پۈتكۈل تىيانشاننىڭ شىمالى بىۋاستە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايتتى. يۈەن سۇلالىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تىيانشاننىڭ شىمالىنى تىزگىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئالمىلىق رايونىنى مەھكەم ئىگىلەپ تۇرۇشنى قارار قىلغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ھەربىي مەركىزى بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار ئەتراپى) تىن غەربكە قاراپ ئالمىلىققا يۆتكەلدى. بېشبالىقنىڭ گۈللىنىش دەۋرى ئاياغلاشتى. يۈەن سۇلالىسىدىن كېيىن ئىدىقۇت شەھىرى بارا - بارا تاشلىنىپ قالدى. يۈەن سۇلالىسىدىن مىڭ - چىڭ سۇلالىسىگىچە بولغان دەۋرلەردە ئالمىلىق شەھىرى بىلەن ئىلى رايونىنىڭ ھەربىي، سىياسىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى تەرەققىي تاپتى، ئالمىلىق شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھەربىي، سىياسىي دىنىي تالاش - تارتىشلار بارغانسېرى جىددىيلەشتى.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى. جۇغراپىيەلىك تەزكىرە»دە «غەربىي شىمال رايون توغرىسىدا قوشۇمچە ئىزاھات»، «ئالمىلىق» دېيىلگەن.

... مەھمۇدىن سۇلالىسىمۇ بولغان ۋە يىل داۋامىدا، قايدۇ ئاسىيلىق قىلمىدى، قوبىلايخان
ۋارىسى ئېيتىشالمىغان ئالتۇن يەردىن ئالمالىقتىن سۈرۈلۈپ بارىدى، ۋە لېكىن بىرىنچىلىك خانلىقى ھەر
ياۋايلىق قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ، ئانا ئالمالىقتا ئۇلارنى جەمئىيەتلەردى، ۋەزىر ئەنتۇرگۇغا
يادە قىلىنىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى [illegible]

... بۇ ... تارىخىي ماتېرىياللار ئىشلىنىپ ئىسپاتلىنىدىكى، قوبىلايخان ئىلىك ئەسلەپكى يىللىرىدىن
باشلاپ يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئەلگە زور بەدەل بېرىپ ۋە كۈچ سەرپ قىلىپ،
غەربىي شىمالدىكى ئاسىيچى قايدۇلار ۋە دۇۋاخانلاردىن ئالمالىقنى كونترول قىلىش
ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا بەل باغلىغان. ئالمالىقنى كونترول قىلىشتا ھەر ۋەقە قېتىم قانچە -
ئىشقا، يۈەن خاندانلىقىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى غەربىي شىمالدىكى قىپچاقلار خانلىقى،
چاغاتاي خانلىقى ۋە غەربىي - جەنۇبتىكى ئىلخانلارنى قورقىتالايتتى، ھەممىدە ئەسلى
تىنچ گەدىكى قاراخانىلار سۇلالىسىنى، ئىدىقۇت رايونىنى ئۆزىنىڭ ئارقا سېپى قىلالايتتى.
بولغاچقا، ئەگەر ئالمالىقنى ئۇزلۇك تىزگىنلىيەلمىسە، ئۇ چاغدا غەربىي
شىمالدىكى بېقىندى خانلىقلارنىلا ئەمەس، بەلكى تارىمنىڭ جەنۇبىي - شىمالى ۋە
بېشبالىق، ئىدىقۇت رايونلىرىنىمۇ باشقۇرالمايتتى. يۈەن خاندانلىقىنىڭ كۈچى تۇرپاننىڭ
شەرق تەرىپىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولاتتى.

مانا بۇ ئالمالىق ئەتراپىدا تەخمىنەن 40 يىل داۋام قىلغان تالاش - تارتىش
جېدەلنىڭ ماھىيىتى. شۇنداقلا موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى كۈچلىرى بىلەن غەربىي شىمالدىكى
ئاسىي خانلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا
ئەسىر تارىخى مەركىزىنىڭ غەربكە قاراپ ئالمالىققا يۆتكىلىشى ئۇرۇش ئارقىلىق
ئەمەلگە ئاشقان. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەنە شۇ يۆتكىلىشتىن كېيىن قىپقالغان
بېشبالىق، ئىدىقۇت رايونىدەك تەرەققىي تاپقان، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغاندەك
ئالالىق مەدەنىيەتنى كۆرەلمىگەن بولساقمۇ، لېكىن ئالمالىق رايونىنىڭ ئەنە شۇ دەۋر-
دىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەك.

غەربىي ئىلىم كاتېگورىيىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇرۇشتا يۈەن خاندانلىقى غەلىبە
قىلغان، لېكىن ھەقىقىي غەلىبە ئۆز - ئارا ئۇرۇشقان ھەر ئىككى تەرەپكە مەنسۇپ
ئالالماس، ئالمالىق رايونىدا 14 - ئەسىردىن 15 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىسلام
دىنى ھەقىقىي غەلىبىگە ئېرىشكەن. يۈەن خاندانلىقى بىلەن غەربىي شىمالدىكى موڭغۇل
ئاقسۆڭەكلىرى ئۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئىسلام دىنىنىڭ دولقۇنى
ئوتتۇرا ئاسىيادىن قاپلىدى، بۇ شىنجاڭ تارىخىدىكى مۇھىم بىر سەھىپە بولدى. چۈنكى،
دەل مۇشۇ چاغدا ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ مەركىزى بولغان قەشقەردىن بۆسۈپ چىقىپ،
شىمالىي شىنجاڭنىڭ يايلاقلىرىغا قاراپ تەرەققىي قىلدى ⑩: ئىسلام دىنىنىڭ

قىلىنغان. مۇھىم، بىر ئالاھىدە ۋەقە ـــ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قول ئاستىدىكى ١٦٠ مىڭ ئادەم
مۇڭغۇللارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى بولۇپ، ئىسلام ئاتالغىنى، مانا تېخى ئىلگىرىلىگەندە شىمالىي
ئۆز ئىسمىنى مۇڭغۇل خانلىقى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. كۈچى بىلەن، ئەمەلىي رولى بولغان
ئەھۋالى بايان قىلىنغان (٣). تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئۆزى ئەمىر تۆمۈر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
نۇرغۇن جايلارنى ئىشغال قىلىۋالغان، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان داغلىق، شەھەر
قەشقەر ئەنە شۇ چاغدا ئۇنىڭ قولىدا ئۆتكەنلىكى، تۇرۇشلۇق ئالمالىقتا
ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولۇپ قالغاچقا، تەرەققىي قىلغان. شۇڭا كېيىنكى بولغان
چىڭگىزخاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر ھۆكۈمران ـــ ئاتاقلىق تۇغلۇق خاننىڭ ئەۋلادلىرى
تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىسلام ھەرىكىتى داۋامى ۋە كېڭىيىشى بولدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قەۋرىسى دۆلىتىمىز چېگراسى ئىچىدىكى قورغاس ناھىيىسىدە،
شۇ چاغلاردا ئالمىلىق شەھىرى بىلەن ئاتالغان مۇھىم ئەھمىيەتكە توغرىسىدا سۆزلەنمەكتە
بەلگىلىنىدۇ. بۇ قورۇلۇش بىرىنچىسى ئىسلام دىنى تەرەققىيات تارىخىدىكى بىر
ئابىدە. شۇڭلاشقا شىنجاڭ تارىخىنىڭ يۈەن سۇلالىسى، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى
مۇھىم بىر سىنچۇلى. شۇنىڭدىن بۇيان شىنجاڭ رايونىنىڭ غەربىي سىياسىي مەركىزى
باشتىن ئاخىر ئىلى دەريا ۋادىسىدىن ئانچە يىراقلىشىپ كەتمىدى، چىڭ خانىدانلىقىنىڭ
ئاخىرقى مەزگىلىدە جۇڭغارلار تەسىرىنىڭ كېڭىيىشى سەۋەبى بىلەن چىڭ خانىدانلىقى
ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا يەنە بىر قېتىم قوزغىلاڭ تارقالغاندەك توپىلاڭ قوزغىدى، تۇرۇشتىن
كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئىلى ئالاپ قۇرغان كۈرەنى مەركەز قىلغان ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى
ۋە ئۇنىڭ بۇ شەھىرى چىڭ خانىدانلىقى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ـ ھەربىي مەركىزى
بولۇپ قالدى. بۈگۈنگىچە قارىغاندا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ سىياسىي
مەركىزى غەربكە يۆتكىلىپ، ئالمىلىققا كەلگەندىن بۇيان، بۇ مەركەزدە باشتىن ـ ئاخىر
ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان.

ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىيات تارىخىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرخا-
نىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىدىن ئىبارەت ھەل قىلغۇچ قەدەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام
كۈچى بۇ يەردە دىنىنىڭ تۇرپان قاتارلىق مەركىزىي رايونلىرىنى بويسۇندۇرۇپ بىرلىشىش ئىمكان-
يىتىگە ئېرىشتى. ئالمىلىق ـــ تارىختا ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تەرەققىي قىلىشىدىكى
مۇھىم بازا ۋە يۆلەنچۈك بولدى. كېيىنكى ۋاقىتتا ئىسلام دىنى تارقىتىشىنىڭ ئىچكى نۇقتىسى
شىمالدىن بويلاپ شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىگەن كېڭەيمە، ئاخىرى تۇرپان رايونىنىڭ بۇددا
دىنى مەدەنىيىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ئىسلام دىنىنىڭ تۇرپاندىكى غەلىبىسى شۇ جەمئىيەتكە
تارقىتىلىشىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى بازىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

يۇقۇرىدا، بايان قىلىنغانلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ئاپتور قورغاستىكى تۇغلۇق تۆمۈرخان قەۋرىسى ئىسلام دىنى تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇھىم بىر يادىكارلىق ئىزى دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ بىلەن قەدىمقى ئالمىلىق شەھىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدىكى ئورنىغا ئاساسەن، بۇلارنى شىنجاڭ تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئامايەندە دىمەي بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى شىنجاڭ تارىخى ئىچىدىكى بىر قەدەر قەدىمىي زامان بىناكارلىق قۇرۇلۇشى بولغاچقا، ئۇ مۇ شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتور خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى ۋە ئالمىلىق شەھرىگە كۆپرەك باردى. ئىسلام بىناكارلىقىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ مازار قۇرۇلۇشى شىنجاڭدا بىر قەدەر قەدىمىي ئىسلام بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ.

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئۇچراتقان بەزى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن ۋە خىزمەت مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى بىلەن ئالمىلىق قەدىمقى شەھىرىنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ نامى، ھەيۋىسى ۋە تارىختىكى ئورنى ھەققىدە دەسلەپكى قەدەمدىكى ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ئالمىلىق رايونىنىڭ تارىخى جۇغراپىيىسىدىكى تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسى بەك كەڭ ئىكەن دىگەن تونۇشقا كەلدىم. تېيانشاننىڭ شىمالىدىكى شەرق بىلەن غەرب قاتناش يولىنىڭ مۇھىم جايىغا جايلاشقان، شىنجاڭنىڭ قەدىمقى دەۋر تارىخىنىڭ مۇھىم مەركىزى غەربكە يۆتكەلگەن دەۋردە گۈللەنگەن ئالمىلىق رايونىدا مول ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت يوشۇرۇنغان. ياغۇز 1976 - يىلدىكى كىچىك دائىرىلىك قېزىش ۋە يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قارا گۈللۈك پار - پۇر قاچىلارنىڭ كۆپلەپ تېپىلغانلىقىدىن قارىغاندا⑱، بۇ رايوننىڭ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئىستىقبالى چەكسىزدۇر.

ئىزاھلار :

① مازار، يەنى قەۋرە.

② «جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 5 - قىسىم، 98 - بەت.

③ شۈي سۇڭ: «غەربىي رايوننىڭ سۇ يوللىرى خاتىرىسى» 4 - توم.

④ دىڭ چيەن: «يۈەن سۇلالىسى ئەۋرىدىكى جۇغراپىيە تەتقىقاتى».

⑤ خۇاڭ ۋېنبى: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمىي ئالمىلىق شەھرىنى

تەكشۈرۈش » ، « ئارخېئولوگىيە » ژۇرنىلى، 1963 - يىل، 10 - سان.

(6) جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى : « جۇڭگونىڭ تارىخىي زېمىن خەرىتىسى » يەر ناملىرىنىڭ تەكشۈرۈپ چۈشەندۈرۈلۈشى، چاغاتاي خانلىقى قاراشلىق قىسمىدىن ئېلىندى .

(7) مىڭ فەنرېن : « كۆكيۈ شەھىرى ۋە ئالمىلىق شەھىرىنىڭ ئورنى توغرىسىدا تەكشۈرۈش » ، « جۇڭگو تارىخى تەتقىقاتى » نىڭ 1979 - يىل 4 - سانى .

(8) لۇ جۇنلىڭ تەرجىمىسى : مىرزا ھەيدەرنىڭ « تارىخىي رەشىدى ».

(9) بىلقىس — يىراق قەدىمىي دەۋر پادىشاسى — سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ خانىشى.

(10) ئىمراندىن تېپىلغان قارا پار - پۇرلىگەن توغرىسىدا. سۇبەي ئىدپەدىنىڭ كۆرسىتىشى

(11) خۇڭ جۈن : « يۈەن سۇلالىسى تارىخى تەرجىمىسىگە تولۇقلىما » 26 - جىلد.

(12) كېن شەن « ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ نەسەپ ئابىدىسى ھەققىدە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تەتقىقات » ، « ئارخېئولوگىيە » ئىلمىي ژۇرنىلى ، 1980 - يىل ، 4 - سان .

(13) « ئالتاي » دېگەن شەھەر نامى توغرىسىدا : شىنجاڭلىقلار ئالتۇن قېزىلغان ياكى ئالتۇن چىققان جايىنى ئالتاي دەيدۇ، ئالتاي — ئالتۇن دېگەن مەنىدە، مەسىلەن: « ئالتۇن تاغ » نى ئالتاي تېغى دېگەنگە ئوخشاش .

(14) « يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى » 51 - جىلد، « بېشبالىق — ئۇيغۇرلار ماكانى، شەنزۇڭ خان دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلغان » . « يۈەن سۇلالىسى تارىخى. شەنزۇڭ خاتىرىسى » دىمۇ بۇ ھەقتە خاتىرە بار.

(15) « يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارت تېكىن تەزكىرىسى » دە « بارچۇق ئارت تېكىن مەلىكە يېلىمىشقا ئۆيلەنگەن بولغاچقا شاھزادىلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنغان » دېيىلگەن .

(16) ۋاڭ جىلەيىنىڭ : « ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى تەرەققىياتى » غا قاراڭ. « شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدا ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى » گە بېسىلغان.

(17) يۇقۇرىقىغا ئوخشاش .

(18) شىنجاڭ مۇزېيى : « شىنجاڭ ئىلى رايونى قورغاس ناھىيىسىدىن قېزىۋېلىنغان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قارا كۆلمۈك پار — پۇر قاچا قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلار » . « مەدەنىي يادىكارلىقلار » ژورنىلى، 1979 - يىل، 8 - سان.

ئەسكەرتىش :

1979 - يىلى مەدەنىيەت يادىكارلىقلار قىسقا مۇددەتلىك كۇرس خادىملىرى ئەمەلىيىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغانلىرىدا، شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ ئەككى . لەپەر يولداشنى مەزكۇر قەۋرىنى قېزىپ بېقىشقا قالدۇرغان، بۇلار قېزىش جەريانىدا يول تۆپىسى تېپىلغان. قەدىمقى شەھەر ئورنى خەرىتىسى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى تەرىپىدىن سىزىلغان. كىتاپخانىلار بۇ قەدىمقى شەھەرنىڭ ئورنىنى بىلىۋېلىشتا «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 1961 - يىل، 10 - سانىدىكى مۇناسىۋەتلىك سۈرەتلەردىن پايدىلانسا بولىدۇ. بۇ ماقالىنى يېزىشتا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى يولداش جاڭ چېڭجېڭنىڭ قىزغىن ياردىمىگە مۇيەسسەر بولدۇم، قەۋرىنىڭ ئۇستىدىكى ئەرەپچە ئويما يېزىقىنى خەلق نەشرىياتىدىكى يولداش ئىمىن تۇرسۇن ۋە مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى مىللىي تىل پاكۇلتېتىدىكى يولداش لىيۇشۇجېڭلار ياردەم قىلىپ تەرجىمە قىلىپ بەرگەن. بۇ يەردە ئۇلارغا تەشەككۈر بىلدۈرىمەن.

تۇرسۇن ساقى، ھاۋاخان ساقى تەرجىمىسى.